(بېشى 1 ـ بەتتە)

## قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش مېخانىزمى تاكامۇللاشتۇرۇلدى

«ئېرىم بىلەن ھويلىمىزدا كىچىك پارنىك تىرىقچىلىقى قىلدۇق، بىر يىلدا كۆكتات سېتىپ 15 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىمىز، ئىشىك ئالدىمىزدا يېڭىدىن كىچىك باغچە قۇرۇلدى، بىز يەنە كىچىك ئاشخانا ئېچىۋالدۇق، كۈنىگە 100 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىۋاتىمىز.» 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، خوتەن شەھىرىنىڭ گۈجانباغ يېزىسى رۇك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى پاتەم مەمەت خۇشال ھالدا زىيارەت قىلىپ كىرگەن كەنت كادىرلىرىغا كىرىمنى ھېسابلاپ بەرگەندە چىرايىدىن خۇشاللىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

رۇك كەنتىدە پاتەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 27 ئائىلە كۆزىتىپ ئۆلچىنىدىغان ئائىلە قىلىپ بېكىتىلگەنىدى. «ئائىلە كىرىم ئەھۋالىنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىپ ئۆلچىگەندىن كېيىن، بىز يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان نوپۇسلارنىڭ بىرىنچىمۇ قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكىنى ئىشقا ئاشۇردۇق» دېدى خوتەن شەھىرى گۈجانباغ يېزىسى رۇك كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لى دا.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋە يېڭى نامراتلىق يۈزبېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسىغا تايىنىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش بويىچە ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى مۇقىم بولمىغان ئائىلىلەر، نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئاسانلا نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئائىلىلەر قاتارلىق كىشىلەر توپىنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا، دەل جايىدا بايقاش، ۋاقتىدا ئالدىن سىگنال بېرىپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ھەقىقىي ئالدىنى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

يەكەن ناھىيەسى ئىشقۇل يېزىسى بەخت كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى خاسىيەت تۇراپ ئىلگىرى پەقەت يەر تېرىشقىلا تايىنىپ كىرىم قىلاتتى، يىللىق كىشى بېشى كىرىمى 5000 يۈەنگە يەتمەيتتى، گەرچە «نامراتلىق قالپىقى»نى ئېلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قايتا نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپ ـ خەتىرى مەۋجۇت ئىدى.

خاسىيەتنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا، يەكەن ناھىيەسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى مۇقىم بولمىغان ئائىلىلەر، نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئاسانلا نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئائىلىلەر ھەم باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىرىمى تۇيۇقسىز ئازىيىپ كەتكەن ياكى چىقىمى تۇيۇقسىز ئېشىپ كەتكەن ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، قاراتمىلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن قوللاندى.

«مەن ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بولدۇم، مېۋىلىك دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىشقا مەسئۇل، ھازىر ئائىلەمدىكىلەرنىڭ يىللىق كىشى بېشى كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەسسىلەپ تىرىشىپ، باغ ـ ئورمان پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى ياخشى ئۆگىنىپ، تۇرمۇشۇمنى ياخشى ئۆتكۈزىمەن.» بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى توغرىسىدا توختالغاندا خاسىيەت ئىشەنچكە تولدى.

### نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش ئالغا سىلجىتىلدى

نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى، لېكىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى «كۈچ ئۇلاش تايىقى»نى تارىخىي ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ياخشى ئىشلەشتە ۋەزىپە يەنىلا مۈشكۈل، ئېغىر.

3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سەھەردە، خوتەن ناھىيەسىنىڭ لاڭرۇ يېزىسى جۇڭگو كەسپلەر باغچىسى ئوراش ـ قاچىلاش سېخىغا كىرگىنىمدە، خىزمەتچى زۆھرە ئەبەيدۇللا ئىشچىلار بىلەن جۇڭگو قاچىلاۋاتاتتى.

زۆھرە لاڭرۇ يېزىسى لاڭرۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ كىرىمى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. بۇلتۇر كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ «بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر» بويىچە دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇ لاڭرۇ يېزىسىغا جايلاشقان كوئېنلۈن بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ جۇڭگو كەسپلەر باغچىسىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئايدا 2000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىغان بولدى. «زاۋۇت ئۆيۈمگە يېقىن، ئۆزۈمنىڭ پۇل تاپالايدىغانلىقىمنى چۈشۈمدىمۇ ئويلاپ باقمىغاندىم. مەن ھازىر ئۆيدىكىلەردىن پۇل سورىماسامۇ بولىدۇ، يەنە ئاتا ـ ئانامغا پۇل بېرەلەيمەن، ئۇلار بەك خۇشال بولدى» دېدى زۆھرە خۇشال ھالدا.

مۇقىم كىرىم، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇقىم تەرەققىي قىلىۋاتقان كەسپلەرنى مەنبە قىلىدۇ. خوتەن ناھىيەسى «10، 100، 1000، 10 مىڭ، 100 مىليون» كەسپ يېرىك پىلانى بويىچە، توشقان، توخۇ، يېمەكلىك زەمبۇرۇغى قاتارلىق كەسپلەرنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇردى، باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكىسىگە تايىنىپ، كەسپ ئارقىلىق بېيىشقا يېتەكلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. يېمەكلىك زەمبۇرۇغى كەسپىنى مىسالغا ئالساق، نۆۋەتتە كوئېنلۈن بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى كۈنىگە 60 مىڭ خالتا ئۆلچەملەشكەن، كۆلەملەشكەن يېمەكلىك زەمبۇرۇغى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ، 200دىن ئارتۇق ئادەمنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

قاراقاش ناھىيەسى تۆۋەت يېزىسىنىڭ يېڭى غول كەنتىدىكى مىنشىن باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى ھاۋالىلىك بېقىش ئەندىزىسى بىلەن كەسپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، 27 نامرات ئائىلە پاي قوشۇپ، «ھەمكارلىق كوپېراتىپى + كەنت ئىككى كومىتېتى + نامرات ئائىلە» مەشغۇلات ئەندىزىسى ئارقىلىق كالا ـ قوي باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشتى. نۇرغۇن دېھقانلار كالا ـ قويلىرىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا قوشسا، ھەر يىلى پايدا تەقسىماتىغا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە كوپېراتىپتا ئىشلەپ مائاش ئالالايدۇ.

كەسپلەر گۈللەنسە، يېزا ـ كەنتلەر گۈللىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز خاس كەسپلەرنى يۈكسەلدۈرۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۇغلاشقان كەسپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ـ كەنت ساياھىتى ۋە ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەنت باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇت، نامراتلارنى يۆلەش سېخىدىن 2109نى قۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىدا، يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

### ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئاشۇرۇلدى

نامراتلارنى يۆلەشتە ئالدى بىلەن ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، نامراتلارنى يۆلەشتە جەزمەن ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش كېرەك. 35 نامرات ناھىيە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىمتىھان قەغىزىنى يۇقىرى سۈپەتتە ياخشى ئىشلەش جەريانىدا، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ يېتەرلىك بولماسلىقتىن ئىبارەت بۇ كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاشقا باشتىن ـ ئاخىر ئەھمىيەت بەردى.

كەلپىن ناھىيەسىنىڭ يۇرچى يېزىسى تومئېرىق كەنتىدىكى ئۆرۈك ماكانى نانچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا، ناۋاي ئۇستام غۇلام مۇتەللىپ ئەنئەنىۋى چېپىت (نېپىز نان)نى كۆڭۈل قويۇپ يېقىۋاتاتتى. «بىر جۈپ قولۇمغا تايىنىپ، ئائىلەمنىڭ يىللىق كىشى بېشى كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشۇردۇم. ئاپتوموبىل سېتىۋالدىم، يېڭى ئۆي سالدىم، ھازىر تۇرمۇشىمىز بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدى، مەن يەنە تىرىشىپ، پۇل يىغىپ ناھىيە بازىرىدىن بىر يۈرۈش بىنا ئۆي سېتىۋالىمەن، بالامنى ئىچكىرى رايونغا ئوقۇشقا ئەۋەتىمەن» دېدى ئۇ.

يۇرچى يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ چېشېن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا كەسپكاردىن 132 كىشى، نان سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋاستىلىك ئىشقا ئورۇنلاشقانلاردىن 73 كىشى بار، ناۋاي ئۇستىلار ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كىرگەندىن كېيىن، ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 5000 يۈەن بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، كەڭ دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئاكتىپلىقى قوزغىلىلدى، نامرات ئائىلىلەر «مېنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇر»دىن «مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلىمەن»گە ئۆزگەردى، مانا بۇ ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇشتۇر.

نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، «كەسپ ئارقىلىق كىشىلەرنى مۇقىم قىلىش، كەسپ ئارقىلىق كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قاراقاش ناھىيەسى «تىزىملىك شەكلى»دىكى تەربىيەلەش، نىشانلىق تەربىيەلەش، ئەمەلىي مەشغۇلات بويىچە تەربىيەلەش، ئىش ئارقىلىق تەربىيەلەشنى يولغا قويۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمگەكچىلەرگە قارىتا مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنى چۈشەندۈرگەنلار، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش باشلامچىلىرى، مەدەنىي كەيپىياتنى تارقاتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، ئاممىنىڭ نامراتلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى، ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى. 2020 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، پۈتۈن ناھىيەدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 22 مىڭ نامرات ئائىلە كەسپ ۋە تۈرنىڭ تۈرتكىسىدە كىرىمنى ئاشۇردى.

بىرەر تېخنىكا ئۆگىنىپ، بېيىش يولىنى كېڭەيتىش. خوتەن ناھىيەلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى «ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيەلەش ۋە كارخانىلار ئەمەلىي تەربىيەلەش» پىكىر يولىنى چۆرىدەپ، يېمەك ـ ئىچمەك، تىككۈچىلىك، ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى، توكچىلىق، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق 27 كەسپ تەسىس قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، زامانىۋى ياسىمىچىلىق، زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىك، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىختىساسلىقلار كاپالىتى بىلەن تەمىنلەپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ سىجىل، مۇقىم ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

# شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئاياللار ۋەكىللىرى غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى يالغان خەۋەرلىرىگە رەددىيە بەردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جەنۋە، 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئاياللار ۋەكىلى ئەلچىناي ۋە تۇرسۇنىسا ئەلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 46 ـ قېتىملىق يىغىنىدا سۆز قىلدى، ئۇلار ئۆز كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى بايان قىلدى ھەم غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى يالغان خەۋەرلىرىگە رەددىيە بەردى.

ئەلچىناي مۇنداق دېدى: بىر قىسىم غەرب تاراتقۇلىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى يوق، دەپ تۆھمەت قىلدى. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كۆرگەن شىنجاڭ غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ ئېيتقىنىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمىدا، مەسىلەن، روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيتتا دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ. 90 ياشلىق مومام ھەر كۈنى ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرىدۇ. ئۇيغۇر دوستلىرىمنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى بار، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاش چەت ئەلدە ئوقۇش تارىخى بار.

ئەلچىناي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىناق ئۆتۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىناقلىق ۋە تەرەققىياتقا ئورتاق ئىنتىلىۋاتىدۇ. شىنجاڭ ھەممە ئادەم خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى جاي. يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ بۇ گۈزەل جايغا زىيان يەتكۈزمەسلىكىنى، شۇنداقلا جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ دوستلۇقىغىمۇ زىيان يەتكۈزمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دوستلارنىڭ گۈزەل يۇرتۇمغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشىنى، ئۆزى كېلىپ ھەقىقىي شىنجاڭنى كۆرۈپ بېقىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

تۇرسۇنىسا ئەلى مۇنداق دېدى: مەن شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتى خوتەن ناھىيەسىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلدى، تەربىيەلەنگۈچىلەر دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى ئىگىلىدى. مەن گۈزەللىكنى ناھايىتى سۆيىمەن، يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا تىككۈچىلىك ۋە كىيىم لايىھەلەش دەرسىنى تاللىدىم.

تۇرسۇنىسا ئەلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن ئەمگەك ـ مۇلازىمەت بازىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر كىيىم ـ كېچەك كارخانىسىغا تەكلىپ قىلىنىپ، شىركەت بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالىدىم. شىركەت خىزمەتچىلەرگە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسى قاتارلىقلارنى ئېلىپ بەردى. ھەر ھەپتىدە بەش كۈن، كۈندە سەككىز سائەت ئىشلەيمەن. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى دەم ئالغاندا، دائىم دوستلىرىم بىلەن بىللە بازار ئايلىنىمەن، سەيلە قىلىمەن، مەززىلىك تائاملاردىن ھۇزۇرلىنىمەن. شىركەتتە مۇسۇلمانچە ئاشخانا بار، تاماق شارائىتى ئىنتايىن ياخشى، ياتاق تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇپ، ئىنتايىن قولايلىق.

تۇرسۇنىسا ئەلى مۇنداق دېدى: پىششاق تېخنىكامغا تايىنىپ، مەن ھازىر سېخ مۇدىرى بولدۇم، ئايدا 4000 يۈەن خەلق پۇلى مائاش ئالىمەن، تۇرمۇش شارائىتىم ياخشىلاندى، ئائىلەمدىكىلەر بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ.

□ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# مەن ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈنسېرى گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم

□ ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم تۇرغۇن ئابلا

پومپېئو، جېڭ گويېن خۇددى غالجىرلاشقان چۈپرەندىلەردەك شىنجاڭغا ئالاقدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى خالىغانچە ئېلان قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ياخشى ئوبرازىغا قەستەن قارا چاپلىدى.

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. مەن بىر ئاددىي ئائىلىدە تۇغۇلغان، مەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ياخشى سىياسەتلىرىنىڭ پايدىسىدا نۇقتىلىق داشۆگە ئۆتۈپ، ناھايىتى ياخشى تەرەققىياتقا ئىگە بولۇپ، بىر رەھبىرىي كادىر بولدۇم. ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە خىزمەت قىلغان ئون يىلدىن بۇيان، مەن ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈنسېرى گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئازادە، يورۇق ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرگەنلىكى، پاتقاقلىق، يول يۈرۈش قولايسىز بولغان توپا يول بىلەن خوشلىشىپ، ئاسفالت يوللاردا مېڭىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم؛ مەن ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈش، ئومۇمىي خەلق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ياردىمى قاتارلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ ھەر مىللەت ئاممىغا ساغلاملىق مۇھاپىزەت كۈنلۈكى تىكلەپ بەرگەنلىكى، «بەخت چوڭ ھويلىسى»نىڭ ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلارنى ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، ياشانغاندا يۆلەنچۈكى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقىنى كۆردۈم...

بىز «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىن ئىبارەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆلچىمىنى چىڭ كۆزلەپ، نامرات كەنتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقىشى، نامرات نوپۇسنىڭ قەرەلدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇردۇق. بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇردۇق. بىز باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۈرەش نىشانى قىلىپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئاما بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالىنىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئاممىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇردۇق.

شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا كىشىنى روھلاندۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەر يۈزبېرىپ، ئىقتىساد زور دەرىجىدە راۋاجلانغان، خەلق تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان، شەھەر ـ يېزىلار زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەن، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلاشقان پۈتۈنلەي يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى.

پومپېئو، جېڭ گويېننىڭ قەبىھ قىلمىشى ۋە رەزىل ھىيلە ـ نەيرەڭگى مۇقەررەر ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ھەرقانداق تۆھمەتنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش مۇساپىسىنى توسۇيالمايدۇ؛ ھەرقانداق ئىغۋانىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدەك، ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ؛ ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ.

# پاكىت ئالدىدا يالغان ـ ياۋىداق سۆز مەڭگۈ يالغان ـ ياۋىداق سۆز

□ قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مۇتەللا ھېسامىدىن

پومپېئو، جېڭ گويېن ئېلان قىلغان شىنجاڭغا ئالاقدار بىمەنە سەپسەتىلەر پۈتۈنلەي پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلغانلىق، شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا ھەدەپ قارا چاپلىغانلىق، ئۇلارنىڭ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش بولۇپ، نىيىتى ئىنتايىن رەزىل. بۇنىڭغا قارىتا، مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

پارتىيە ۋە دۆلەت مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. مەن 1993 ـ يىلىدىن 2015 ـ يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك بىناكارلىق چارلاش ـ لايىھەلەش يۇرتىدا ئىشلىدىم، قەشقەر كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشكە گۇۋاھ بولدۇم، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىپ ۋە قوغداپ، كونا شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

مەن 2015 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغىچە، «ئەل ئەھۋالىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىلار بىلەن تاماقتا، يېتىپ قوپۇشتا بىللە بولدۇم. مەن تۇرۇشلۇق كەنتتە ئاممىلار ئۆي سالسا ئەمىن ئۆي ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋالسا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدى، كېۋەز تېرىسا پاختا ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدى. پارتىيەنىڭ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ پايدىسىدا، ئاممىنىڭ كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشىلاندى. بولۇپمۇ 2020 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، پەيزاۋات ناھىيەسىدە شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇزتاغ چوققىسىدىكى قار ـ مۇز سۈيى ئۈچ ناھىيەدىن ھالقىپ پەيزاۋات ناھىيە بازىرىغا ئېقىپ كىردى، ھەر مىللەت ئامما «بىخەتەر سۇ»، «بەخت سۈيى» ئىچىپ، قىرتاق، تۇزلۇق سۇ ئىچىش تارىخى بىلەن ئۈزۈل ـ كېسىل خوشلاشتى، ئاممىنىڭ بەخت تۇيغۇسى ۋە ئېرىشىش تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

شىنجاڭدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆسكەنلىكىدەك پاكىتنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىش، بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىش پۈتۈنلەي پومپېئو، جېڭ گويېننىڭ «تاللاشچان كور بولۇۋېلىشى»دۇر. پاكىت ئالدىدا يالغان ـ ياۋىداق سۆز مەڭگۈ يالغان ـ ياۋىداق سۆز. پومپېئو، جېڭ گويېن ئېقىمدىكىلەر توقۇغان ئۇچىغا چىققان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر پەقەت ئۇلارنىڭ ناچار پەزىلىتى ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتەك رەزىل نىيىتىنىلا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ، كىشىلەرنى ئالدىيالمايدۇ، شىنجاڭغا قارا چاپلىيالمايدۇ، جەزمەن تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ.